## 10428 ـ ئاللاھتىن باشقا ھەر قانداق بىرسىگە تازىم قىلىش ھارام

### سۇئال

ھۆرمەتلىك ياكى ياشقا چوڭ بىر ئادەم ياكى ئاتا بىلەن كۆرۈشكەندە [ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ] دېگەننىڭ ئورنىغا تازىم قىلىش دۇرۇسمۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئادەتتىكى سالاملىشىش بولسا ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھ ( سىلەرگە ئامانلىق ، ئاللاھنىڭ رەھىمـ شەپقىتى ۋە قۇتلۇقى بولسۇن ) ، چۈنكى ئاللاھ دەيدۇ :

سىلەر ئ￼يلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئ￼زەڭلارغا (يەنى ئ￼يدىكى كىشىلەرگە)الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، [ نۇر : 61 ]

ھەدىسلەر بۇ سالاملىشىشنى ئوچۇق چۈشەندۈرىدۇ .

بىراق تازىم قىلىش دۇرۇس ئەمەس ، پەقەت سالام قىلىنغۇچى ياشقا چوڭ بولۇپ ئورنىدىن تۇرالمىسا ، ياكى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بىرسى بولۇپ ، ئۇلارنى سىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە ياكى سىزنى قۇچاقلاشقا ئورنىدىن قوپۇرۇشنى خالىمىسىڭىز ، شۇنىڭ بىلەن سىز ھۆرمەت يۈزىسىدىن تازىم قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى ياكى پېشانىسىنى سۆيسىڭىز ، ئۇنداقتا بۇ ئىبادەتنى شەكىللەندۈرىدىغان تازىم قىلىشنىڭ تۈرى بولمايدۇ . شۈبھىسىزكى تازىم قىلىش ئاللاھقا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت ، يەنى نامازدا رۇكۇ(تازىم ) قىلىشقا ئوخشاش ،شۇڭا ئۇ ئەگەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەستىن ياكى سۆيمەستىن بولۇنسا ، بۇ شۇ كىشىنى ئۇلۇغلاش ھەركىتى بولىدۇ ھەمدە شۇڭا شېرىك بولىدۇ .

پېشىۋا ئابدۇللاھ بىن جىبرىين .